# كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئىستراتېگىيەلىك پىلانلاش ۋە سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلىتىمىز پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ خەلقئارا خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلارغا تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: دۆلىتىمىز كۋانت پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى سىستېمىلىق خۇلاسىلەپ، چەت ئەللەرنىڭ پايدىلىق ئۇسۇللىرىدىن ئۆرنەك ئېلىپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىپ، دۆلىتىمىز كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ كىرىش نۇقتىسى ۋە بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تېپىپ، ئۇل تەتقىقات، ئالدىنقى سەپ تېخنىكىسى، قۇرۇلۇش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، كۋانت خەۋەرلىشىشى قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى خەلقئارا رىقابىتىنىڭ ئېگىزلىك نۇقتىسىنى ئىگىلەپ، تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك. ئىستراتېگىيەلىك ھۆكۈم قىلىشنى كۈچەيتىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئىشەنچىنى ساقلاپ، قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە جۈرئەت قىلىپ، ئۇزاق دەۋرىيلىك مۇھىم، زور تۈرلەرنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش داۋامىدا يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە ئالدىن كۆرەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، كۆپ پەنلەرنىڭ گىرەلىشىپ يۇغۇرۇلۇشى ۋە كۆپ تېخنىكا ساھەسىدە توپلاشتۇرۇش، يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىز كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ سىستېمىلاشقان ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: سىياسەت مەدىتى سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدىغان ياخشى سىياسەت مۇھىتى يارىتىشنى تېزلىتىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت مەدىتى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى ساھەسىگە بولغان مەبلەغ سېلىنمىسىغا كاپالەتلىك قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەرلىك، كارخانا، جەمئىيەتنى سېلىنما سالمىقىنى زورايتىشقا يېتەكلەش كېرەك. پەن تەتقىقات ئاپپاراتلىرى ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى ئاساسىي تەتقىقاتىغا بولغان سېلىنمىسىنى زورايتىپ، دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پەن ـ تېخنىكا كۈچىنى بىرتۇتاش پىلانلاش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقاتنى باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاساسىي تەتقىقاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش ۋە ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. كۋانت پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ئاساسىي نەزەرىيە تەتقىقاتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا باغلىق، ئاغدۇرۇش خاراكتېرلىك تېخنىكىنىڭ شەكىللىنىشى زور مىقداردا جۇغلاپ ئاز ـ ئازدىن ئىشلىتىش جەريانى. كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى ساھەسىدە ئىختىساسلىقلار، بازا، تۈرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تولۇق ئامىللارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسىدىكى مۇھىم، زور تۈرلەرنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى زورايتىپ، قىيىنچىلىق، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن ئىلىم ـ پەن چوققىسىغا چىقىپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى ساھەسىدە يەنە يۇقىرى سەۋىيەلىك بىر تۈركۈم ئىجادىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىختىساسلىقلار قوشۇنىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. مۇھىم، زور كەشپىيات ۋە ئىجادىيەت، ئاغدۇرۇش خاراكتېرلىك تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنىڭ ئاچقۇچى ئىختىساسلىقلاردا. كۋانت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سالمىقىنى تېزلىتىپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى بىر تۈركۈم ئالىي، سەرخىل، قابىل ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان مەخسۇس يېتىشتۈرۈش پىلانى تۈزۈپ، سىستېمىلاشقان، يۇقىرى قاتلاملىق كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش سۇپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. كۋانت پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سەپ يۆنىلىشىنى چۆرىدەپ، ئالاقىدار پەن ۋە دەرسلىك سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا پەن ـ تېخنىكا چوڭ يۈزلىنىشىنى ئىگىلىيەلەيدىغان، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇشقا ماھىر بىر تۈركۈم دۇنيا دەرىجىلىك ئالىملار ۋە باشلامچى ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش تەپەككۇرى جانلىق، «ئادەمسىز رايون»نى بۆسۈپ ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالايدىغان بىر تۈركۈم ياش تالانت ئىگىلىرى ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى ئىختىساسلىقلارنى بايقاش كېرەك. ئىشىنىشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئالدىنقى قاتاردىكى ئالىملار مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۇلارغا ئادەم ئىشلىتىش، مالىيە، مال ـ مۈلۈك جەھەتتە تولۇق بولغان ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ھوقۇقى ۋە تېخنىكا يول لىنىيەسىنى بەلگىلەش ھوقۇقىنى بېرىپ، مۇنەۋۋەر ياش ئىختىساسلىقلارنى ئېغىر مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىگە ئېلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك. ئىختىساسلىقلارنى باھالاشتىن ئىبارەت بۇ «دىرىژورلۇق تايىقى»نى ياخشى ئىشلىتىپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈش، باھالاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پەن تەتقىقات خادىملىرىنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى مۇۋاپىق بولمىغان خىراجەت باشقۇرۇش، ئىختىساسلىقلارنى باھالاش قاتارلىق تۈزۈملەردىن ئازاد قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىنىڭ يېڭىلىق يارىتىشنى قوزغىتىشقا پايدىلىق ئېكولوگىيە سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتتا ھەمكارلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كۋانت پەن ـ تېخنىكا نەزەرىيە تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىش، قۇرۇلۇشلاشتۇرۇشقا ئايلىنىش سۈرئىتى ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كارخانىلارنى كۋانت پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىغا قاتنىشىشقا پائال قوبۇل قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ ئالىي مەكتەپ، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى كۋانت پەن ـ تېخنىكىسى ئاساسىي تەتقىقاتى ۋە ئەمەلىي قوللىنىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى پائال قانات يايدۇرۇشقا يېتەكلەپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقاتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشى ۋە ماسلىشىپ يېڭىلىق يارىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. كۋانت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۋانت پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنىڭ قاتلىمى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىپ، يېڭى ھەرىكەت ھالىتىنى ئىگىلەپ، مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، پىلانلاشنى ياخشى ئىشلەپ، پەن ـ تېخنىكا بايلىقىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتى توغرىسىدىكى مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ماكرولۇق يېتەكچىلىك قىلىش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇش، مۇلازىمەت كاپالىتى رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادكارلىقىنى تولۇق قوزغاپ، مۇھىم، زور پەن ـ تېخنىكا ۋەزىپىلىرىدە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچلۈك تۈرتكە بولۇپ، پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ خەلقئارا رىقابەت ئېگىزلىك نۇقتىسىنى ئىگىلەش، تەرەققىيات يېڭى ئەۋزەللىكىنى بەرپا قىلىشنى كۈچلۈك مەدەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھۆكۈمەتلەر، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ سۇبيېكتلىق ئاڭ تۇرغۇزۇشى، سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى ئاچقۇچ.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۈگۈنكى شىنجاڭدا جەمئىيەت مۇقىم بولغان، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىنىڭ نەتىجىسى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق كۆرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى، شۇنداقلا بۇنىڭغا شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە ئەجرى مۇجەسسەملەنگەن. گۈزەل يۇرت ـ ماكان قۇرۇپ چىقىش باش قەھرىمانلىق روھىدىن ئايرىلالمايدۇ. گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى سۇبيېكتلىق رولىمىزنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

جەزمەن ئېتىقاد، ئىشەنچنى چىڭىتىش كېرەك. ئېتىقاد كۆرەش قىلىش يولىنى يورۇتىدۇ، ئىشەنچ گۈزەل كەلگۈسىنى يارىتىدۇ. ئېتىقاد، ئىشەنچنى چىڭىتقاندىلا، باشتىن ـ ئاخىر بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە، قەتئىي ئىرادە، قۇدرەتلىك جەڭگىۋارلىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر شەرھلەپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججەت. بىز يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە سۈپىتىدە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا چۈشىنىپ ۋە ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

جەزمەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى قوزغىتىش كېرەك. خەلق ئاممىسى تارىخنى يارىتىشنىڭ سۇبيېكتى. ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشتا ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق قوزغىتىش زۆرۈر. بىر تەرەپتىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى يۆلەنچۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، جاسارەت بىلەن كۆرەش قىلىشقا ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ گۈزەل تۇرمۇش يارىتىش ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئۈزلۈكسىز قوزغىتىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، جەزمەن تەرەققىيات خەلق ئۈچۈن بولۇش، تەرەققىياتتا خەلققە تايىنىش، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن خەلق ئورتاق بەھرىلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مەۋقەسى ۋە مەقسىتى قىلىپ، تەرەققىيات جەريانىنى ئەسلىي مەقسەتنى چىڭ ساقلاش، خەلققە بەخت يارىتىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، ئەڭ زور چەكتە كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەش، كۈچنى مۇجەسسەملەش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش، ھەممە بىر نىيەتتە گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش جەريانىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

جەزمەن توغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك. توغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھى ئېگىلمەس ـ سۇنماس، توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان، جاسارەت بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدىغان ئىرادە ـ پەزىلەتنى نامايان قىلىدۇ، ۋەتەننى سۆيىدىغان، شىنجاڭنى سۆيىدىغان، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىدىغان، ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ئائىلە دۆلەت ھېسسىياتىنى نامايان قىلىدۇ، بۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقى. ئۇزاقتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ھەرىكىتى ئارقىلىق توغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھىنى شەرھلىدى. ئۇلۇغ روھ ئۇلۇغ ئىشلارغا تىرەك بولىدۇ ۋە تۈرتكە بولىدۇ. يېڭى مۇساپىدە، بىز توغراق روھى ۋە بىڭتۇەن روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يېڭى دەۋردە چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، چېگرا رايونغا ئۆزىمىزنى بېغىشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنىڭ شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا تېخىمۇ موھتاج.

جەزمەن مىخ قېقىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش كېرەك. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئەمەلىيىتى ۋە ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى ماددىمۇماددا، تۈرمۇتۈر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، پارچىلاپ، خىزمەتلەرنى بىر ـ بىرلەپ تەتقىق قىلىپ، ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە نىشاننى نەتىجىگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلۇغۋار پىلاننى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولۇشتىكى ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشى كېرەك.

ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش بىزنىڭ شەرەپلىك بۇرچىمىز. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ۋەتەننىڭ ئىللىق چوڭ ئائىلىسىدە، 25 مىليون تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى چوقۇم سۇبيېكتلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىدۇ!

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قىلغۇچ جەڭ قىلىدىغان يىل. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ۋە ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىنىڭ سىنىقى ئالدىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشانىنى قەرەلىدە تاماملاش قەتئىي ئىرادىسى تەۋرىنىپ قالمىدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلىدى، نامرات رايونلاردىكى كەڭ كادىرلار، ئامما قەيسەرلىك بىلەن كۆرەش قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يەڭدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ھازىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كەلدى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر جەزمەن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، ئىشنى ياخشى باشلاپ، ياخشى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇپ، تولۇق غەلىبە قىلمىغۇچە قوشۇننى قەتئىي قايتۇرماسلىقى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش تۈزۈلمە ـ مېخانىزمىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك. نامرات رايونلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى قوزغىتىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار تۆۋەن كىرىملىك نوپۇسنىڭ تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشىغا ئىلھام بېرىپ، ئومۇمىي خەلق ئورتاق بېيىش نىشانىنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇشقا قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىشى كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى لى كېچياڭ تەستىقى يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھازىر بار بولغان ياردەم بېرىش ـ يۆلەش سىياسىتىنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ۋۇشۇسكا ئېتىسپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئېغىر نامراتلىق قورغىنىنى ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، خاس كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى كۈچەيتىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بار نوپۇسقا قارىتا قاراتمىلىق ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى مۇددەتتىن بۇرۇن كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە قەرەلىدە تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن رايونلاردىكى يېزا ـ كەنتلەرنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈشنى سىجىل تىرىشىپ ئالغا سىلجىتىش ئارقىلىق، خەلق ئاممىسىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇش، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ سىجىل ساغلام تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشى كېرەك!

مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتى تەقدىرلەش يىغىنى ھەم ئىلغارلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بېرىش يىغىنى 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى ۋە لى كېچياڭنىڭ تەستىقى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى خۇ چۈنخۇا يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى ساقلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئومۇميۈزلۈك تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامرات ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەسىلىسىنى كۈچەپ ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، نامراتلارنى يۆلەش كەسىپلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەشتىكى داۋاملاشما يۆلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى يەنىمۇ تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىق قالپىقى ئېلىۋېتىلگەن رايونلاردىكى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىش كېرەك. مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچىلەرنىڭ شەرەپنى قەدىرلىشىنى، بۇرچنى دادىل زىممىگە ئېلىشىنى، ياخشى ئۈلگە بولۇشىنى، يەنە يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىندا مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر تەقدىرلەندى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ شىڭئەن ئايمىقى تۇچۈەن ناھىيەسى، ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ شيۇجوۋ شەھىرى سشيەن ناھىيەسى ۋە گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ليۇجوۋ شەھىرى رۇڭشۈي مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ ئەنچۈي يېزىسى جياڭمېن كەنتى كەنت كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ نىڭ، خېنەن ئۆلكىسى جوۋكوۋ شەھىرى تەيكاڭ ناھىيەسىنىڭ ماچاڭ بازىرى چيەنخې كەنتىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خەن يۈنەن، جياڭشى ئۆلكىسى يىچۈن شەھىرى فېڭشىن ناھىيەسىنىڭ زاۋشيا بازىرى بەيياڭ ئوقۇتۇش نۇقتىسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى جى يۆيىڭ، ئازادلىق ئارمىيە باش دوختۇرخانىسى 5 ـ تېببىي مەركىزى جىگەر ـ ئۆت تاشقى كېسەللەر 2 ـ مەركىزى ئەزا كۆچۈرۈش تاشقى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى جۇ جىنيۈ قاتارلىق مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ئىلغار ئورۇن ۋە ئىلغار شەخسلەر ۋەكىللىرى ئىش ئىزلىرىدىن دوكلات بەردى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى. 2020 ـ يىللىق مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر، گوۋۇيۈەن نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۇەننىڭ نامراتلارنى يۆلەش ـ روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىلىرى، شەرقىي قىسىملار بىلەن غەربىي قىسىملارنىڭ نامراتلارنى يۆلەش ھەمكارلىقى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ھەرقايسى جايلاردىكى شۆبە يىغىن مەيدانلىرىدا يىغىنغا قاتناشتى.